# شېكەر كېسەلى سەۋەبىدىن روزا تۇتالمىغان كىشى توغرىسىدا

مريض بالسكر ويفطر

< ئۇيغۇرچە >


ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمى بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

38334 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن قەن كېسەللىكى بولغاچقا ھەر كۈندە ئىككى قېتىم پېنىسىلىن ئوكۇلى ئۇدۇرۇشقا مەجبۇرمەن، شۇ سەۋەپتىن مەن رامزاندا روزا تۇتالمايمەن، روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنى ھېسابلاپ شۇ بويىچە پىدىيە بېرىمەن، مەن توي قىلمىغان بولغاچقا تاماقخانىدىن يەيمەن، روزا تۇتالمىغان كۈنلىرىمنى ھېسابلاپ پىدىيىگە نەخ پۇل بەرسەم بولامدۇ؟يېمەككە ئېھتىياجى بار كىشىنى تاپالمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پىدىيەنى ئۈچ-تۆت كىشىگە تەقسىم قىلىپ بەرسەم توغرا بولامدۇ؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز روزا تۇتۇشقا قادىر بولالىسىڭىز روزا تۇتىشىڭىز كېرەك، بۇنداق ھالەتتە سىز روزا تۇتماي، پىدىيە بەرسىڭىز توغرا بولمايدۇ، پېنىسىلىن ئوكۇلى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ئەمەس، شۇڭا سىز روزا تۇتۇپ كۈندۈزدە پېنىسىلىن ئوكۇلى سالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىزنىڭ روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىپ روزا تۇتىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن -1319- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئەمما روزا تۇتۇش بىلەن كېسەللىكىڭىز زىيادە بولىدىغان، كۈندۈزدە باشقا دورىلارغىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدىغان ۋە قېيىنلىق كېتىدىغان بولسىڭىز ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتتا قازاسىنى قىلىش

ئىمكانىيىتى بولمىسا ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە تاماق بەرسىڭىز توغرا بولىدۇ.

سىزنىڭ پىدىيىگە نەخ پۇل بەرگەنلىكىڭىز توغرا بولماپتۇ، ئەسلىدە پىدىيىگە يېمەكلىك بېرىش كېرەك بولىدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«»تەرجىمىسى«»: بەقەرە سۈرىسى 184-ئايەت.

سىز پىدىيە ئادا قىلىش ئۈچۈن كەمبەغەلنى ئىزدەڭ، ياكى سىزگە ۋەكالەتەن كەمبەغەلنى ئىزدەپ پىدىيە بېرىپ قويىدىغان بىرەر كىشىگە پۇلنى بېرىپ قويسىڭىز ئۇ كىشى سىزگە ۋەكالەتەن تاماق سېتىۋېلىپ كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.